# پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ياسىمچىلىقتا تېپىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشكە تۈرتكە بولدى

(بېشى 1 - بەتتە)

دۆلەتلىك يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا كارخانىسى — قەشقەر جياڭتيەن ئاۋىياتسىيە پەن - تېخنىكا چەكلىك شىركىتى تەتقىق قىلىپ ئاچقان «جياڭتيەن پاختا خەرىتىسى» دېھقانچىلىق ئەھۋالى چوڭ سانلىق مەلۇمات مۇلازىمەت سۇپىسىدا، پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى كېۋەزلەرنىڭ تېرىلىش ۋە ئۆسۈش ئەھۋالى ئەمەلىي ۋاقىت بويىچە كۆرۈنۈپ تۇراتتى. «جياڭتيەن پاختا خەرىتىسى» تۈرىنىڭ مەسئۇلى دېڭ خۇگۇبى مۇنداق دېدى: سۇپا سۈنئىي ھەمراھ ئارقىلىق يىراقتىن سېزىش تېخنىكىسىنى تىرەك قىلغان بولۇپ، كېۋەزنىڭ ئۆسۈش مۇھىتى، تېرىلىش جەريانى، ھوسۇلنى مۆلچەرلەش قاتارلىق ھالقىلارنى چوڭ سانلىق مەلۇمات مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەيدۇ. يان تېلېفون ياكى تاختا كومپيۇتېردا «جياڭتيەن پاختا خەرىتىسى» APPسىنى ئاچسا، كېۋەز تېرىشتىن بۇرۇنقى تۇپراقنىڭ تېمپېراتۇرىسى، نەملىكىنى كۆزىتىپ ئۆلچەش، ئۈنۈش نىسبىتىنى كۆزىتىپ ئۆلچەش، ساغلاملىق دەرىجىسىنى كۆزىتىپ ئۆلچەش قاتارلىق 12 تۈرنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. «پاختىكارلار ھەر ۋاقىت كېۋەزنىڭ ئۆسۈش ئەمەلىي ۋاقىت ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ كۆرەلەيدىغان بولۇپ، بۇ بىر ئالىي ئاگرونومنىڭ يىل بويى ھەر كۈنى 24 سائەت ئۇلار ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلغىنىغا باراۋەر» دېدى دېڭ خۇگۇبى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىز يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا كارخانىلىرى ۋە پەن - تېخنىكا تىپىدىكى ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلارنى زور كۈچ بىلەن يېتىشتۈردى، شىنجاڭدىكى يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا كارخانىسى 665كە يەتتى. بۇ يىل، شىنجاڭدىكى پەن - تېخنىكا تىپىدىكى كارخانىلار توپىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونىمىز يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا كارخانىلىرىنىڭ پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش بۆلىكىدە پېيىنى بازارغا سېلىشى بويىچە زاپاس يېتىشتۈرۈش خىزمىتىنى باشلىدى. ئىگىلىنىشچە، نۆۋەتتە پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش بۆلىكى شارائىتىغا ئاساسىي جەھەتتىن ئۇيغۇن كېلىدىغان 103 كارخانا تاللاپ چىقىلىپ، مەخسۇس تەربىيەلىنىۋېتىپتۇ، يېتەكلىنىۋېتىپتۇ.

«ئاپتونوم رايوننىڭ ئىستراتېگىيەلىك يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان كەسىپلەرنى يېتىشتۈرۈش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش توغرىسىدىكى يولغا قويۇش پىكرى» «ئاپتونوم رايوننىڭ ياسىمچىلىقتا يېڭىلىق يارىتىش مەركىزى قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇش توغرىسىدىكى پىكرى»نىڭ چىقىرىلىشى، كارخانىلارنىڭ يېڭىلىق يارىتىش سۇبيېكتلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، بازار رىقابەت كۈچىنى ئاشۇرۇشقا يېتەكلەپ بۇ ئارقىلىق ياسىمچىلىقنىڭ تېپىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش تېزلىتىلدى.

5 - ئاينىڭ 15 - كۈنى، شىنجاڭ لەنشەن تۈنخې پولىئېستېر چەكلىك شىركىتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش سېخىدا، PBAT بىيولوگىيەلىك پارچىلىنىدىغان سىمولا مەھسۇلاتى ئىشلەپچىقىرىدىغان ئۈچ لىنىيە پۈتۈن سۈرئەت بىلەن ئايلىنىۋاتاتتى. PBAT بىيولوگىيەلىك پارچىلىنىدىغان سىمولا شىركەت نۇقتىلىق تەتقىق قىلىپ ئاچقان يېشىل مەھسۇلات بولۇپ، «ئاق بۇلغىنىش»قا ئۈنۈملۈك تاقابىل تۇرالايدۇ. شىركەتنىڭ مۇئاۋىن باش دىرېكتورى گو جىجېڭ مۇنداق تونۇشتۇردى: شىركەت ھەر ۋاقىت خېرىدارلارنىڭ ئېھتىياجى ۋە بازار يۈزلىنىشىگە ئاساسەن مەھسۇلاتلارنى يېڭىلايدۇ ۋە ئەلالاشتۇرىدۇ، يېڭى مەھسۇلاتلار شىنجاڭ بازىرىنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپلا قالماي، بەلكى ئىچكىرى رايونلاردىكى دېڭىز بويى شەھەرلىرىگە سېتىلىدۇ.

بۇ يىل، ئاپتونوم رايونىمىز يەنە يېتەكلەش رولىغا ئىگە بىر تۈركۈم يېڭىلىق يارىتىش، ئىگىلىك تىكلەش سۇپىسى بازىسى قۇرۇپ، نېفىت، نېفىت خىمىيە، جابدۇق ياسىمچىلىقى، مېتاللورگىيە - قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى، مىللىي تېبابەت - دورىگەرلىك قاتارلىق كەسىپلەرنىڭ تېپىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشنى زور كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتىدۇ. ئاپتونوم رايونلۇق سانائەت ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇش نازارىتى پەن - تېخنىكا - سۈپەت باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى جاڭ خۇي مۇنداق بىلدۈردى: «ئاپتونوم رايونىمىز توپلاشتۇرۇپ ئەلالاشتۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، بايلىق تەقسىملەشتە يېڭىلىق يارىتىپ، ئىشلەپچىقىرىش - ئوقۇتۇش - تەتقىقات - قوللىنىشتا ھەمكارلىشىپ يېڭىلىق يارىتىشقا تۈرتكە بولۇپ، دىققەتنى ئەۋزەل، خاس كەسىپلەرگە مەركەزلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك بىر تۈركۈم ياسىمچىلىقتا يېڭىلىق يارىتىش مەركەزلىرىنى يېتىشتۈرۈپ، قۇرۇپ، كەسىپ تەرەققىياتىنى چەكلەۋاتقان ئورتاقلىقتا ئىگە ئاچقۇچلۇق تېخنىكىلاردا كۈچەپ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ، مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، ياسىمچىلىقنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى سىجىل ئىلگىرى سۈرىدۇ».

مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن - قەھرىمانلار، قۇربانلار شەجەرىسى

# ۋاڭ ياخۇ: ۋۇجۇدىغا «ئەمەلىي ئىشلەش، پاك ياشاش» سىڭگەن ئادەم



ۋاڭ ياخۇ خوتۇنى ۋېن شۇچىن بىلەن ئۆيىدە. □ شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى چاڭچۈن تېلېگراممىسىغا ئاساسلانغان (مۇخبىر شۇ زىخېڭ)** 55 يىل ئىلگىرى، 22 ياشلىق بىر ياش پارتىيە بايرىقى ئاستىدا قولىنى كۆتۈردى... شۇنىڭدىن باشلاپ تەنتەنىلىك غايە - ئېتىقاد ئۇنىڭ ئۆمۈرلۈك قەسىمىگە ئايلاندى.

جىلىن ئۆلكىلىك سۇچىلىق نازارىتىنىڭ سابىق نازىرى ۋاڭ ياخۇ جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ ئاددىي - ساددا ياشاپ، دادىل يېڭىلىق يارىتىپ، كۆرۈنەرلىك نەتىجە ياراتتى. ئۇنىڭ خىزمەتداشلىرى ئەسلەپ مۇنداق دېدى: ۋاڭ ياخۇ بىر ئۆمۈر ھەقىقىي ياشادى، مەسئۇلىيەتنى تولۇق ئادا قىلىشتىكى «تۇپ ئۆلچەم سىزىقى» ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئۆز - ئۆزىگە قويغان تەلىپى ئىدى.

1960 - يىلى ۋاڭ ياخۇ خىزمەتكە قاتناشقاندىن كېيىن، پارتىيە ئىشلىرى، ئىشچىلار، ياشلار، ئاياللار، جامائەت خەۋپسىزلىكى، تەپتىش، سوت ئىشلىرىغا ئاساسلىق مەسئۇل بولغان؛ دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، مالىيە - سودا ۋە سۇچىلىقنى تۇتقان، ئۇ تىرىشىپ ئۆزىنى كەسىپ ئەھلىگە ئايلاندۇرغان. «يېڭىلىق يارىتىش، ئەمەلىي ئىشلەش، تەتقىق قىلىش» ئۇنىڭ غەلىبە قىلىشتىكى ئەڭگۈشتىرى.

«ئۇ نېمە ئىش قىلسۇن، قانداق ئىش بىلەن شۇغۇللانسۇن، خىزمىتى قانچە ئالدىراش بولسىمۇ، قانچە چارچاپ كەتسىمۇ، ئۆيىگە قايتقاندا جەزمەن كىتاب ئوقۇپ، گېزىت كۆرۈپ ماتېرىياللارنى رەتلەيتتى» دېدى جىلىن ئۆلكىلىك سۇچىلىق نازارىتى بىخەتەرلىك باشقارمىسىنىڭ سابىق باشقارما باشلىقى ما دېفۇ.

كىتاب ئوقۇش ئارقىلىق ئۇ ھاياتىي كۈچىنى مەڭگۈ ساقلىدى، ئۇ سۇنى مۇھاپىزەت قىلىش خىزمىتىگە رىياسەتچىلىك قىلغان مەزگىلدە، سۇ، تۇپراقنى قوغداش بىلەن يانتۇ ئېتىز ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش بىرلەشتۈرۈلگەن «بامبۇك بوغۇملۇق پەلەمپەيسىمان ئېتىز ئۇسۇلى»نى كەشىپ قىلدى، يەنە جىلىن ئۆلكىسىنىڭ پەن - تېخنىكا ئارقىلىق يېزا ئىگىلىكىنى گۈللەندۈرۈش 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشىپ، ھەممە ئېتىراپ قىلغان «ئۇنۇۋانسىز سۇچىلىق مۇتەخەسسىسى» بولۇپ قالغان.

ئۇ سوۋغا قوبۇل قىلىپ باقمىغان، شەخسىي مەنپەئەتنى كۆزلىمىگەن، بىر ئۆمۈر پاك - پاكىز ئۆتكەن. جىلىن ئۆلكىلىك سۇچىلىق نازارىتىنىڭ نازىرى بولغاندا، بىر كىتاب ئىشكاپى، ئىككى ياغاچ ساندۇق، ئىككى ئىدىش ئاساسەن ئۇنىڭ بارلىق بىساتى ئىدى.

خىزمىتى يىل بويى سىرتتا بولغاچقا، ئۇ ئىشخانىدا يېتىپ - قوپۇشتا چىڭ تۇرۇپ، مېھمانخانا ياكى مېھمانسارايلاردا ياتمايتتى، ئۇنىڭ كارىۋىتى ئاستىدا ھامان بىر يەشىك تەييار چۆپ بار ئىدى، يەنە ئۇنىڭغا ئون نەچچە يىل ھەمراھ بولغان كىچىك ئاليۇمىن قازانمۇ بار ئىدى. ۋاڭ ياخۇ بىلىق يېيىشكە ئامراق بولسىمۇ، لېكىن جىلىن ئۆلكىلىك سۇچىلىق نازارىتىنىڭ نازىرى بولغان مەزگىلدە، ئۆزى باشقۇرۇۋاتقان سۇ ئامبىرىدىكىلەرنىڭ سوۋغات بېرىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، بېلىق يېمەيمەن دەپ يالغان ئېيتاتتى.

ۋاڭ ياخۇ يەنە بىر «تۆمۈر قولۇپ» بولۇپ، پىرىنسىپال مەسىلىلەردە ھەتتا ئائىلىسىدىكىلەرمۇ ئۇنىڭ بۇ ئۆتكىلىدىن ئۆتەلمەيتتى.

ئائىلىسىدىكىلەر ئۇنىڭ ئىناۋىتىدىن پايدىلىنالمايتتى، بىر ئائىلە كىشىلىرى ھەپتە ئاخىرىدا سىرتقا چىققاندا، ئەزەلدىن ھۆكۈمەت ئاپتوموبىلىغا ئولتۇرۇپ باقمىغان. خوتۇنى بىلەن ئىككى جايدا ئايرىلىپ 30 نەچچە يىل تۇرمۇش كەچۈرگەن بولۇپ، ھەر قېتىملىق بايرام، دەم ئېلىش كۈنلىرىدە ئۇ ئۆز يېنىدىن پۇل چىقىرىپ بېلەت سېتىۋېلىپ پويىزغا ئولتۇراتتى. كىچىك قىزىنىڭ ئۆز ئالدىغا بىناكارلىق بىلەن شۇغۇللانغۇسى بار ئىدى، لېكىن ئۇ: «خام خىيال قىلما، بۇنىڭغا تېگىشكىمۇ بولمايدۇ، نورمال خېرىدار چاقىرىشقا قاتنىشىشقىمۇ بولمايدۇ!» دېگەن.

1998 - يىلدىكى كەلكۈنگە تاقابىل تۇرۇپ خەتەردىن قۇتقۇزۇشتىن كېيىن، دۆلەت سۇچىلىق قۇرۇلۇشى سېلىنمىسىنى ئاشۇردى، ئۇ مەبلەغ ئىشلىتىش ۋە قۇرۇلۇش سۈپىتى ئۆتكىلىنى چىڭ تۇتتى. 1999 - يىلى دۆلەت ۋە ئۆلكىنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرى سۇچىلىق نازارىتىنىڭ مەبلەغ ئىشلىتىش - باشقۇرۇشىنى 14 تۈركۈم (قېتىم) تەكشۈرۈپ، بەلگىلىمىگە خىلاپ مەسىلىنى بايقىمىغان. سۇچىلىق مەخسۇس تۈر مەبلىغىدە قۇرۇلغان تۈرلەرگە قارىتا 44 مىڭ 628 قېتىم سۈپەت تەكشۈرۈشى قىلغان، بىرلىك قۇرۇلۇش سۈپىتىنىڭ لاياقەتلىك نىسبىتى 100%كە يەتكەن.

«پاك بولۇش، ئىش قىلىش، ئىشنى قولدىن چىقىرىش» ئۇ دائىم ئېغىزىدىن چۈشۈرمەيدىغان ئاچقۇچلۇق سۆزلەر ئىدى. 2003 - يىلى ۋاڭ ياخۇ جىلىن ئۆلكىلىك خەلق قۇرۇلتىيىغا كېلىپ خىزمەت قىلغاندا، ئىشقا چۈشكەن تۇنجى كۈنىلا مۇنداق ئوتتۇرىغا قويغان: خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىدە نەتىجە يارىتىش كېرەك، 2005 - يىلى جىلىن ئۆلكىسى نىزام چىقارغاندىن كېيىن باھالاش مېخانىزمىنى ئورناتقان، 2009 - يىلى جىلىن ئۆلكىلىك خەلق قۇرۇلتىيى تۇنجى قېتىم پۇقرالارنى ئىسپات ئاڭلاپ نىزام چىقىرىشقا تەكلىپ قىلىپ، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى قاتاردا ماڭغان.

ۋاڭ ياخۇ 71 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى. تامچە سۇدىن دېڭىزنى كۆرگىلى بولىدۇ، قانداق كۈچ ۋاڭ ياخۇنىڭ كىشىلىك ھاياتىغا تىرەك بولدى؟

جىلىن ئۆلكىلىك سۇچىلىق نازارىتى پىلان - پىلانلاش - مالىيە باشقارمىسىنىڭ سابىق مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى خەن يوۋلى مۇنداق دېدى: «پارتىيە بايرىقى ئاستىدا قەسەم بەرگەن كۈندىن باشلاپ، ئۇ شۇنى چۈشەندىكى، پارتىيە ئۈچۈن، خەلق ئۈچۈن ئاداققىچە كۆرەش قىلىش كېرەك، مانا بۇ ئۇنىڭ پۈتكۈل كىشىلىك ھاياتىغا تىرەك بولغان غايە - ئېتىقاد!»

# فۇ لىجى: ھاياتى بەدىلىگە چېگرا ئېغىزىنى قوغدىغان «پىداكار ئەزىمەت»

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى كۈنمىڭ تېلېگراممىسىغا ئاساسلانغان (مۇخبىر فەن يۈچياڭ)** ئۇ كېتىپ قالدى، چەمى تېشىلىپ كەتكەن بىر جۈپ رېزىنكە ئاياغ، كونىراپ سىرلىرى چۈشۈپ كەتكەن بىر سۇدانىنى قالدۇرۇپ قويدى، بۇ چارلاش لىنىيەسىدىكى 50 نەچچە كەنتنى بېسىپ ئۆتكەندە قېپقالغان ئىز؛ ئۇ كېتىپ قالدى، داڭلىق «جۇڭسەندىكى باتۇر يولۋاس لىيەنى»نى قالدۇرۇپ قويدى، بۇ، ئۇ ئالتە قېتىم يارىلىنىش، بەش قېتىم ھاياتى خەۋپكە دۇچ كېلىش جەريانىدا چېنىقتۇرۇپ چىققان ئەسكەرلەر؛ ئۇ كېتىپ قالدى، ياشنىپ قالغان ئاتا - ئانىسى ۋە كىچىك بالىسىنى قالدۇرۇپ قويدى، غەربىي جەنۇب چېگرا مۇداپىئە تۈەنگە كەلگەن ئالتە يىلدا، ئۇنىڭ خوتۇن - بالىلىرىغا ھەمراھ بولغان ۋاقتى ئاران 17 كۈن بولدى …

2013 - يىلى 6 - ئاينىڭ 22 - كۈنى، يۈننەن ئۆلكىسى ھەربىي رايونى مەلۇم چېگرا مۇداپىئە تۈەنى 2 - لىيەنىنىڭ لىيەنجاڭى فۇ لىجى توغرا يوللۇق مۇسكۇل ئېرىپ كۆپ ئەزانىڭ زەئىپلىشىشى ئەگەشمە قوزغىلىش سەۋەبىدىن، ماھارەت كۆرسىتىش مەيدانىدا يىقىلدى.

فۇ لىجى، خېنەن خۇاشيەن ناھىيەسىدىن، 1982 - يىلى 10 - ئايدا تۇغۇلغان، 2001 - يىلى 12 - ئايدا ھەربىي سەپكە كىرگەن، 2004 - يىلى 3 - ئايدا پارتىيەگە كىرگەن، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ پەيجاڭ، مۇئاۋىن سىياسىي جىداۋيۈەن، لىيەنجاڭ بولغان. ھەربىي سەپكە كىرگەندىن بۇيان، ئۇ باشتىن - ئاخىر ئۆزىنىڭ غايىسى، ئارزۇ - تىلىكىنى ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئارزۇسى ئەمەلىيىتىگە سىڭدۈرۈپ، يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىپ سەرخىل قوشۇننى چېنىقتۇرغان، پۈتۈن زېھنى ۋە بارلىق ئەقىل - پاراستى بىلەن غەلىبە قىلىشنى كۆزلەپ، ھاياتى بەدىلىگە چېگرا ئېغىزىنى ساقلاش، بۇرچى ئۈچۈن ئۆزىنى بېغىشلاشتەك مۇنەۋۋەر ھەربىيلەرنىڭ ھەربىي سەپكە قاتنىشىش قەسىمىنى يېزىپ چىققان.

فۇ لىجى كىچىكىدىنلا قەلبىگە ھەربىي سەپكە قاتنىشىش ئارزۇسىنى، دۆلەتكە جاۋاب قايتۇرۇش ئىرادىسىنى پۈكۈپ، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن قەتئىيلىك بىلەن ھەربىي گازارمىغا ئاتلاندى. ئارزۇ - ئارمانلارنى كۆڭلىگە پۈككەن ئۇ باشتىن - ئاخىر يېڭىلگىنگە تەن بەرمەيدىغان غەيرەت بىلەن پائال ئىلگىرىلەپ، تىرىشىپ ئۆگىنىپ، جاپاغا چىداپ مەشىق قىلىپ، ھەر يىلى مۇنەۋۋەر ئەسكەر بولۇپ باھالىنىپ، لىيەندۈيدىكى ئوفىتسېر - ئەسكەرلەر تەرىپىدىن «پولات جەڭچى» دەپ ئاتالغان.

لىيەنجاڭ بولغاندىن كېيىن، ئۇ شەمشەرنى تاۋلاش ئۈچۈن ئاۋۋال ئۆزىنى تاۋلاش، قىسىمنى كۈچەيتىش ئۈچۈن ئاۋۋال ئۆزىنى كۈچەيتىشتە چىڭ تۇرۇپ، ئوفىتسېر - ئەسكەرلەردىن ئىشقا ئاشۇرۇشنى تەلەپ قىلغاننى ئالدى بىلەن ئۆزى ئىشقا ئاشۇرغان. لىيەنجاڭ بولغان ئىككى يىلدا، فۇ لىجى شەخسىي ماھارەت كۆرسىتىش مۇسابىقىسىدە يەتتە يەككە تۈردە بىرىنچى، تۆت ئومۇمىي ماھارەت تۈردە بىرىنچى بولغان، لىيەندۈينى باشلاپ 12 يەككە تۈردە بىرىنچىلىكنى، ئۈچ كوللېكتىپ تۈردە بىرىنچىلىكنى قولغا كەلتۈرگەن. لىيەندۈي ھەر يىلى «ھەربىي ئىشلار تەلىم - تەربىيەسى بويىچە 1 - دەرىجىلىك ئورۇن» بولۇپ باھالىنىپ، تۇرۇشلۇق جايدىكى ئاممىا ۋە قوشنا قىسىملار تەرىپىدىن «جۇڭسەندىكى باتۇر يولۋاس لىيەنى» دەپ تەرىپلەنگەن.

ئۇ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئوفىتسېر - ئەسكەرلەرنى باشلاپ 20 قېتىمدىن ئارتۇق قانۇنسىز ئەتكەسچىلىك ھەرىكىتىگە زەربە بېرىپ، 1000 توننىدىن ئارتۇق ئەتكەس ماددىي ئەشيانى تۇتۇپ قېلىپ، دۆلەت ئۈچۈن 20 مىليون يۈەندىن ئارتۇق ئىقتىسادىي زىيانىنى قايتۇرۇپ كەلگەن.

«جان تىكىپ مەشىق قىلمىساق، جەڭدە جېنىمىزدىن ئايرىلىمىز.» ھەربىي سەپكە قاتناشقاندىن بۇيان، فۇ لىجى باشتىن - ئاخىر شان - شەرەپنى قەدىرلەشنى ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ مەنبەسى قىلىپ، پىداكارلىق كۆرسىتىپ بىرىنچىلىكنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشقان.

2013 - يىلى 6 - ئاينىڭ 17 - كۈنى، تۈەندۈي 6 - نۆۋەتلىك «ئارمىيەنى سۆيۈش، قالتىس ماھارەت يېتىلدۈرۈش» ماھارەت كۆرسىتىش مۇسابىقىسىنى تەشكىللىگەن، خېنەندىكى ئۆيىدە دەم ئېلىۋاتقان فۇ لىجى ئەسلىدە قاتناشمىسىمۇ بولاتتى، لېكىن لىيەندۈيدىن خاتىرجەم بولالمىغان ئۇ ئاخىر قىسىمغا قايتىپ كەلگەن.

6 - ئاينىڭ 19 - كۈنى، ئۇدا ئىككى كۈن يۇقىرى سىجىللىقتىكى سىناقنى باشتىن كەچۈرگەندىن كېيىن، 2 - لىيەنىنىڭ ئۇنىۋېرسال نەتىجىسى پۈتۈن تۈەن بويىچە 2 - ئورۇندا تۇرغان، فۇ لىجىنىڭ شەخسىي نەتىجىسى كادىرلار گۇرۇپپىسى بويىچە 1 - ئورۇندا تۇرغان. دالىدا قوراللىق بەش كىلومېتىر يۈگۈرۈش ماھارەت كۆرسىتىش مۇسابىقىسىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى تۈرى، 2 - لىيەنىنىڭ ئەۋزەل تۈرى ئىدى، فۇ لىجى لىيەندۈينى باشلاپ چېمپىيونلۇققا قاراپ ئاتاكىغا ئۆتكەن.

يولغا چىققاندىن كېيىن، فۇ لىجى قوشۇننىڭ ئالدى - كەينىگە يۈگۈرۈپ توختىماي مەدەت بەرگەن. تەخمىنەن ئۈچ كىلومېتىرلىق جايغا يۈگۈرۈپ بارغاندا، ئۇنىڭ كالپۇكلىرى كۆكىرىپ، كۆپ مىقداردا تەر چىقىشقا باشلىغان، ئاخىرقى نۇقتىغا تەخمىنەن 500 مېتىر كېلىدىغان جايغا يۈگۈرۈپ كەلگەندە، فۇ لىجى بىردىنلا يىقىلىپ چۈشكەن. جەڭچىلەر ئۇنىڭ چىرايىنىڭ تاتىرىپ، نەپەس ئېلىشىنىڭ قىيىنلاشقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا ئەمدى يۈگۈرسە بولمايدىغانلىقى توغرىسىدا نەسىھەت قىلغان. فۇ لىجى داۋاملىق ئالغا قاراپ يۈگۈرگەن، ئەمما پەقەت 100 نەچچە مېتىر يۈگۈرگەندىن كېيىن ھوشىدىن كېتىپ يىقىلغان.

6 - ئاينىڭ 22 - كۈنى سەھەر سائەت 1دىن 25 مىنۇت ئۆتكەندە، فۇ لىجىنىڭ ھاياتى 31 يېشىدا مەڭگۈ توختاپ قالدى. دوختۇرنىڭ جىددىي قۇتقۇزۇش دوكلاتىدا: ئۇزاق مۇددەت چارچاپ كەتكەنلىكتىن، جىسمانىي كۈچى ئېغىر دەرىجىدە خوراپ، توغرا يوللۇق مۇسكۇل ئېرىپ كۆپ ئەزانىڭ زەئىپلىشىشى ئەگەشمە قوزغالغان، دەپ يېزىلغان.

فۇ لىجى ھاياتى بەدىلىگە بىر چېگرا مۇداپىئە ئەسكىرىنىڭ بۇرچىنى ھەممىدىن ئەلا بىلىش، شان - شەرەپنى تەيشەن تېغىدىنمۇ قەدىرلىك بىلىشتەك مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىش روھىنى شەرھلەپ بەردى.

# شېن شىڭ: بىر سەكرەپلا يۇلتۇزلۇق ئاسماننى چاقنىتىش

□ **شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرلىرى جاڭ شۇەنجېي، لى بىڭفېڭ**

شەندۇڭ ئۆلكىسى چىڭجوۋ شەھىرىدىكى نەنياڭخې دەرياسى بويىدا، ھەربىي شېن شىڭنىڭ مىس ھەيكىلى خۇددى بۇ قەدىمىي شەھەرنى كېچە - كۈندۈز قوغداۋاتقاندەك قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى.

شېن شىڭ شەنشى يەنلياڭدىن، 1981 - يىلى تۇغۇلغان، 2000 - يىلى ھەربىي سەپكە كىرگەن، ھايات چېغىدا سابىق 2 - توپچىلار قىسمى قۇرۇلۇش داشۆسى شىگۇەنلەر كەسپىي تېخنىكا مائارىپ شۆيۈەنىنىڭ مۇئاۋىن يىڭ دەرىجىلىك سەنمۇسى ئىدى، 2010 - يىلى ھەربىي قورال - جابدۇق ئىلمىي بويىچە ماگىستىر ئاسپىرانتلىقتا ئوقۇغان.

2012 - يىلى 5 - ئاينىڭ 13 - كۈنى، شېن شىڭ چىڭجوۋغا قايتىپ ماگىستىر ئاسپىرانتلىق ئوقۇش پۈتكۈزۈش ئىلمىي ماقالە ماتېرىياللىرىنى يىغىپ بولۇپ، شۇ كۈنى كەچتە ۋۇخەندىكى مەكتەپكە قايتماقچى بولغان. ئادەتتىكى چاغلاردا قىزى بىلەن جەم بولغان ۋاقتى ئاز، ئايرىلغان ۋاقتى كۆپ بولغاچقا، ئۇ مېڭىشتىن بۇرۇنقى ئازراق ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ قىزىغا كۆپرەك ھەمراھ بولماقچى بولغان.

سائەت 10لاردا، شېن شىڭ تۆت ياشلىق قىزىنى ئېلىپ نەنياڭخې دەرياسى بويىدا سەيلە قىلىۋاتقاندا، دەريا بويىدا قۇتقۇزۇڭلار دېگەن ئاۋاز ئاڭلانغان، ئۇ قىلچە ئىككىلەنمەي يۈگۈرۈپ بېرىپ، دەرياغا سەكرەپ چۈشۈپ، سۇغا چۈشۈپ كەتكەن ئوقۇغۇچىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن كۆتۈرگەن. دەريا قېشى تېيىلغاق بولغاچقا، سۇغا چۈشۈپ كەتكۈچى ئارقا - ئارقىدىن سۇغا تېيىلىپ چۈشۈپ كەتكەن، شېن شىڭ ئارقا - ئارقىدىن ئۇنى قىرغاققا ئىتتىرگەن. ئارقىدىن يېتىپ كەلگەن ئاممىنىڭ ياردىمىدە سۇغا چۈشۈپ كەتكەن ئوقۇغۇچى قۇتقۇزۇۋېلىنغان، شېن شىڭ ھالىدىن كېتىپ دەرياغا چۆكۈپ كېتىپ قۇربان بولغان، شۇ يىلى ئاران 31 ياشتا ئىدى.

5 - ئاينىڭ 17 - كۈنى، قەدىمىي شەھەر چىڭجوۋدىكى ھەممە كىشى ئۆيلىرىدىن چىقتى، سانسىزلىغان شەھەر ئاھالىسى كوچىغا چىقىپ، خۇددى ئۇرۇق - تۇغقىنىنى ئۇزاتقاندەك، قەھرىماننى كۆز يېشى بىلەن ئۇزىتىپ قويدى. كەڭ ئامما شام يورۇقىدا ياد ئېتىش، شېئىر - نەزمە يېزىش، توردا سۆز قالدۇرۇش قاتارلىق پائالىيەتلەرنى ئۆزلۈكىدىن قانات يايدۇرۇپ، ئوخشاش بولمىغان شەكىللەردە بۇ قەھرىماننى ياد ئەتتى.

ئوقۇتقۇچىلىرى، سەپداشلىرى ۋە خىزمەتداشلىرىنىڭ نەزەرىدە، شېن شىڭ ئىزچىل ياخشى ئوقۇغۇچى، ياخشى ئۆلگە، نەتىجىسى ئەلا، باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى خۇشاللىق دەپ بىلىدىغان، باتۇر، دۇرۇس ئادەم. شېن شىڭ كۈندىلىك خاتىرىسىگە مۇنداق بىر جۈملە يازغان: خەلق ئاممىسى قىيىنچىلىققا ئۇچرىغان چاغدا، ئۇلار ياردەمگە موھتاج بولغان چاغدا كىمنى ئويلايدۇ، بىز ئەمەسمۇ؟ ھەربىيلەرنىڭ قەدىر - قىممىتى نەدە؟ خەتەرلىك پەيتتە كارامىتىنى كۆرسىتىشتە ئەمەسمۇ؟

خەتەرلىك پەيتتە ھايات - ماماتى بىلەن ھېسابلاشماي، بىرلا سەكرەپ يۇلتۇزلۇق ئاسماننى يورۇتتى. كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتى، مەملىكەتلىك ياشلار بىرلەشمىسى شېن شىڭغا «جۇڭگو ياشلىرىنىڭ 4 - ماي مېدالى» دېگەن شەرەپلىك نامنى تولۇقلاپ بەردى، سابىق 2 - توپچىلار قىسمى شېن شىڭغا «خەلقنى قىزغىن سۆيىدىغان ياخشى ئوفىتسېر» دېگەن شەرەپلىك نامنى تولۇقلاپ بەردى. 2013 - يىلى 9 - ئايدا شېن شىڭ 4 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئەخلاق نەمۇنىچىسى بولۇپ سايلاندى.

قەھرىمان مەڭگۈ كىشىلەر قەلبىدە. شېن شىڭ ھايات چېغىدا تۇرغان قىسىم قەھرىمان شېن شىڭ خاتىرە سارىيى قۇردى، قىسىم ھويلىسىدا يەنە بىر «شېن شىڭ يولى» بار؛ شېن شىڭ ئادەم قۇتقۇزغان جايغا يېقىن يەردىكى بىر نامسىز كۆۋرۈككە «شېن شىڭ كۆۋرۈكى» دەپ نام بېرىلدى. «يۇلتۇزلار قاتار گوياكى ھەسەن - ھۈسەن... ئۇزۇن يولدا پۈتۈلگەن ساداقەت، ئەزىم دەريا ئاقار ئەبەدتىن ئەبەد، ئۇزۇن شەمشەر بۇرچتىن ئالار مەدەت.» بۇ «چىڭجوۋ ئەسلىمىسى» ناملىق ناخشا كەڭ تارقىلىپ كەلمەكتە.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى جىنەن تېلېگراممىسىغا ئاساسلانغان)**

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)